# قەتادە ئىبنى مىلهان سەكراتقا چۈشكەندە مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئىدىم، ھويلىنىڭ ئەڭ چەت تەرىپىدىن بىر كىشى ئۆتتى، مەن قەتادىنىڭ يۈزىگە قارىسام ئۇنىڭ يۈزى مايلاپ پاقىرتىۋەتكەندەك كۆرۈندى دەيدۇ

ئەبۇ ئەئلا ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: قەتادە ئىبنى مىلهان سەكراتقا چۈشكەندە مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئىدىم، ھويلىنىڭ ئەڭ چەت تەرىپىدىن بىر كىشى ئۆتتى، مەن قەتادىنىڭ يۈزىگە قارىسام، ئۇنىڭ يۈزى مايلاپ پاقىرتىۋەتكەندەك كۆرۈندى دەيدۇ
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئەبۇ ئەلا ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەتادە ئىبنى مىلهان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەكراتقا چۈشكەندە يېنىدا ئىدى، شۇ ۋاقىتتا ھويلىنىڭ چەت تەرىپىدىن بىر كىشى ئۆتتى، بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ ئەلا قەتادىنىڭ يۈزىنى ئەينەكتەك سۈزۈك كۆردى، ئۇنىڭ چىرايى نۇرلۇق، پارقىراق ۋە سۈزۈكلۈكتە ماي سۈرتكەندەك پارقىرايتتى، بۇنىڭ سەۋەبى: بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەتادىنىڭ يۈزىنى سىلىغان، قەتادىنىڭ يۈزىنىڭ پارقىرىشى ۋە سۈزۈكلۈكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ يۈزىنى سىلىغانلىقىنىڭ بەرىكىتىدىن ھاسىل بولغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10958

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee